## 276820 ـ يامانلىققا ئىلاج قىلىش توغرىسىدا

### سوئال

ناچار گەپ ـ سۆزلەردىن قانداق ساقلىنىمەن؟ ياكى ئومۇمى ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن قانداق ساقلىنىمەن؟. بۇ ھەقتە بىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

پاجىرلىق، پاسىقلىق دېگەن: ئاسىيلىققا يېتەكلەش ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتنى كەڭرى قىلىش دىمەكتۇر، ئۇنىڭ ئىلاجى: ئاللاھقا تەۋبە قىلىش، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش، ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش، ناچار كىشىلەردىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پاجىرلىق، پاسىقلىق دېگەن: ئاسىيلىققا يېتەكلەش ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتنى كەڭرى قىلىش، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش ۋە قايتىشقا رىغبەتلەنمەستىن قەبىھ ـ ناچار ئىشلارغا ئاتلىنىش دىمەكتۇر.

لۇغەت ئۆلىمالىرى دەيدۇ: پۇجۇر دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى: توغرا مەقسەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىش دېمەكتۇر. ["ئىمام نەۋەۋىينىڭ مۇسلىمغا يازغان شەرھىسى"2-توم 48-بەت].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پۇجۇر دېگەن گۇناھ ـ مەسىيەتنى كۆپ قىلىش بولۇپ، سۇنىڭ ئىبتىلىپ چىققىنىغا ئوخشىتىلدى، مۇتلەق يالغانچىلىققىمۇ پۇجۇر دېگەن سۆز ئىشلىتىلىنىدۇ". ["پەتھۇلبارى"1-توم 165-بەت].

زۇبەيدى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەجىر دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى"يېرىلىش" دېگەن بولۇپ، ئاندىن ئۇ سۆز گۇناھ ـ مەسىيەت، ھارام ـ چەكلەنگەن ئىشلار، زىنا ـ پاھىشە ۋە بارلىق پاسكىنا ـ ناچار ئىشلارغا ئاتلىنىشقا تۆرتكە بولىدىغان ئامىللارغا ئىشلىتىلدى". ["تاجىل ئەرۇس"13-توم 2-بەت].

راغىبۇل ئەسبەھانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەجىر دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى: "يېرىلىش" دېگەن بولۇپ، پاجىر دېگەن دىن ـ دىيانەتنىڭ پەردىسىنى يىرتقۇچىدۇر، شۇنىڭدەك بۇ سۆز بۇزۇقچىلىققا مايىل بولۇش، گۇناھ ـ مەسىيەتكە تۆرتكە بولۇش قاتارلىق يامانلىق ـ ئەسكىلىكنىڭ جۇغلانمىسىنىڭ نامىدۇر". ["پەتھۇلبارى"10-توم 508-بەت].

ئىككىنچى: پۇجۇر دېگەن: "يالغانچىلىق، ناچار سۆز قىلىش، تىللاش ۋە دەشنەم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ".

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دېگەن: راستچىللىقنى بولۇڭلار، ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە يېتەكلەيدۇ، ئىنسان دائىم راستچىل بولىدىكەن ۋە راستچىللىقنى تاللايدىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىللاردىن يېزىلىدۇ، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! ھەقىقەتەن يالغانچىلىق پۇجۇر، گۇناھ—مەسىيەتكە باشلايدۇ، پىسقى—پۇجۇر دوزاخقا باشلايدۇ، ئىنسان دائىم يالغان سۆزلەپ، يالغانچىلىقنى تاللايدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچىلاردىن يېزىلىدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 6094–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2607–ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: راستچىللىق دېگەن ئەيىب—نۇقسانلاردىن خالى بولغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا يېتەكلەيدۇ دېگەن بولدى، ياخشىلىق دېگەن خەيرىيەت—ياخشىلىقنىڭ جۇغلانمىسىنىڭ نامىدۇر.

بەزىلەر: ياخشىلىقتىن جەننەت مەقسەت قىلىنىدۇ، ياخشىلىق دېگەن سالىھ ئەمەللەر ۋە جەننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ.

ئەمما يالغانچىلىق بولسا پاجىرلىق، گۇناھ—مەسىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ بولسىمۇ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشتۇر، بەزىلەر پۇجۇرنى گۇناھ—مەسىيەتكە تۆرتكە بولۇش دېگەن.

ئۈچىنچى: سۆزدىكى ناچارلىقنى تۈزۈتۈشنىڭ چارىسى راستچىللىقنى تاللاش، ھەق سۆزنى دېيىش، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش، سەمىمى تەۋبە قىلىش بىلەن قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنساننىڭ تىلى راستچىللىق، ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇ كىشى تىلىنى يالغانچىلىقتىن ۋە ناچار سۆزلەردىن ساقلايدۇ.

ناچار سۆزلەردىن ساقلىنىشنىڭ چارىسىنى قىلىش ئومۇمەن:

—ئەۋۋالدە سەمىمى ۋە ساپ تەۋبە قىلىش، ئاندىن ئاللاھنىڭ تائەت—ئىبادەتلىرىنى مۇستەھكەم تۇرۇپ تولۇق ئادا قىلىش، ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ياخشى—سالىھ كىشىلەرگە ئۈلپەت—ھەمراھ بولۇش، ناچار، بۇزۇق ۋە ئەسكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىششىنى تەرك قىلىش.

—ياخشى—سالىھ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىش، ئۇلارغا ئەگىشىش، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچى پاجىر، پاسىقلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىش، ئۇلارنىڭ يوللىرى، پىرىنسىپلىرىدىن يىراق بولۇش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى، ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىدىن ۋەز—نەسىھەت ئېلىش، ھەقىقەتەن ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ تىلى ياكى ئەۋرىتى ياكى باشقا ئەزالىرى بىلەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ تۇتقان يولى خارلىق ۋە ئاقىۋىتى قاتتىق ئازاب بولىدۇ.

ـ تەقۋادارلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، سەمىمى، راستچىللىقى، نەپسىنى ۋە ئەۋرىتىنى پاك تۇتىشى، هارامغا قاراشتىن كۆزىنى ساقلىشى، ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولىشى قاتارلىق ئىسىل سۈپەتلىرىنى تونۇشىمىز ۋە بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىمىزدە ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ـ هارام بولغان نەپسى ـ شەهۋەتلەرنى قوزغاتقۇچى، چەكلەنگەن ئىشلارغا چاقىرغۇچى، هەممىگە تەڭ قاراش، ناچار ـ پەسكەش بۇزۇق فىلىملەرنى كۆرۈش، رەزىل، بۇزۇقلاردىن بولغان پەسكەشلەرگە ئۆلپەت ـ هەمراھ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، هەرقانداق كىشى ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، ئىمان ئەهلىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرسە، ئۇلارغا هەمراھ بولسا، ئۆزىنى چەكلەنگەن نەپسى ـ شەهۋەتلەردىن، ناچار سۆز ـ هەرىكەتلەردىن ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئەهۋالى ياخشى بولىدۇ ۋە ئىشى ئىسلاھ بولىدۇ.

كىمكى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن بىرەر ئىشقا مۇپتىلا بولۇپ قالغان بولسا، سەمىمى تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىسۇن، ئاللاهنىڭ بەلگىلىمىسىگە تولۇق ئەمەل قىلسۇن، تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ كېيىن ئەپسۇسلىنىپ قالمىسۇن، گۇناھ ـ مەسىيەتتە چېكىدىن ئېشىپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ قالمىسۇن، هەقىقەتەن ئاشۇ ئىشلار ئۇ كىشىنى پىسقى ـ پۇجۇردىن يىراق قىلىدۇ.

هەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.